ئۇيغۇر مىللىي تىبابىتىنىڭ داۋالاش ئالاھىدىلىكلىرى

ئۇيغۇر مىللىي تىبابىتى ئاساسەن كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش، ئۇلارنى ھەر خىل كېسەللىكلەردىن ھىمايە قىلىش، ئۇزۇن ساغلام ئۆمۈر سۈرىشى ئۈچۈن ھاياتىنىڭ ھەر خىل باسقۇچلىرىدا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش جەريانىدا كېرەكلىك شەرتلەرنى تونۇشتۇرۇش، ھەر خىل تىپتىكى ئادەملەرنىڭ مىزاجى (مىجەزى)، جىسمانىي، شۇنداقلا روھى ھالىتىگە قاراپ تۇرمۇشقا ئېملەرگە رىئايە قىلىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ باسقۇچقا بۆلۈپ داۋالاش، ساقايغاندىن كېيىن رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك شەرتلەر ھەققىدىكى مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تىبابىتىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۈگۈنكى دەۋردە زامانىۋى تىبابەت ئىلمى ئالغا سۈرۈۋاتقان تازىلىق سالامەتلىك كاپالىتى ئېكەنلىكىنى ئۇيغۇر تىبابىتى كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان ئىزچىل تەرىپلەپ كەلگەن. تېۋىپلىرىمىزنىڭ تازىلىققا رىئايە قىلىش تەلەپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بولۇپمۇ ئىسلام دىنى ئېتىقاتىمىزنىڭ ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىمىز ئورۇنلۇق.

ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقات قىلغان مەزگىللەردە باشقا شامان دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان خەلقلەرگە ئوخشاشلا ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ خام گۆش يەتتى. ئىسسىق قان ئىچەتتى. بۇ شامان دىنى ئېتىقاتى بويىچە ياخشى ئادەت، سوۋاپلىق ئىش دەپ سانىلاتتى. نەتىجىدە ھايۋانلاردىكى كېسەللىكلەر ئادەملەرگە ئۆتۈپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلاتتى. مەسىلەن، بورۇتسېلىيوز (ئاقسىل)، ئېختىناكوۋ (بېغىر ئاغرىقى)، كويدۇرگە ۋە باشقىلار.

كېيىنكى ئېتىقات قىلىشقا ئۆتكىنىمىز مانى دىنى شامان دىنىنىڭ ئەكسى بولۇپ، ئۇنىڭدا جان-جانىۋارلارنى ئۆلتۈرۈش مەنئىي قىلىناتتى. تازىلىققا رىئايە قىلىنماتتى. ھەتتا كىيىم-كېچەكلەردىكى پىشت-بۈرگۈلەر ئۆلتۈرۈلمىگەنلىكىدىن ئۇلار ئاغرىق تارقىتىشتا ۋاستىلىق رول ئوينايتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى قوبۇل قىلىنغان بۇددا دىنىدىمۇ تازىلىق مەسىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈنمەتتى. ھازىرقى دەۋردە بۇ دىنغا ئېتىقات قىلغۇچىلارنىڭ بەزى بىر ئۆرپى-ئادەتلىرى، مەسىلەن، بىر داس سۇدا پۈتۈن بەدىنى ۋە ئۆز قوللىرىنى ژۇيۇدىغانلىقى شۇنىڭ بىر ئىسپاتىدۇر. شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك جۇڭيى خىتاي تىبابەتچىلىكىدە تازىلىققا ئانچە زۆرۈرى تەلەپ قويۇلماي كېلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر تېۋىپلىرى نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى تەكشۈرۈپ، تەتقىقات قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىبابەتچىلىك تەجرىبىسىنى يەكۈنلەشى نەتىجىسىدە ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشتا ئەتراپتىكى مۇھىت، شەخس ۋە ئائىلە تازىلىقىنىڭ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن. بولۇپمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئائىلەۋى ئادەتلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتى. ئىسلام دىنى ئېتىقاتىمىز قائىدە تەلەپلىرى بىلەن تىبابىتىمىزنىڭ تەلەۋى جىپسىلىشىپ، تىبابەتچىلىكىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە شەرت-شارائىت ياراتتى.

ئىسلام دىنىدا ئاساس قىلىنغان ساغلام كىشىلەرمۇ، بىمارلارمۇ شەرتسىز ئادا قىلىشقا تېگىشلىك تەرەت (بارلىق ئەزالىرىنى ژۇيۇپ تۇرۇش) كۈندىلىك ئادەتكە ئايلاندۇرۇلدى. مەسىلەن، ئىستىنجا قىلىش، ئېغىز بوشلۇغىنى، بۇرۇن، قۇلاق، پۇت-قوللارنى تازىلاپ ژۇيۇش، غوسۇل قىلىش، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ژۇيۇپ تۇرۇش، تۇغۇتلۇق يەنى ھەيزى توختىغان ئاياللارنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ژۇيۇپ تازىلىشى، بۇرۇن، قۇلاق، قولتۇق، دوسۇن تۈكلىرىنى تازىلاپ، تىرناقلىرىنى ۋاقتىدا ئېلىپ تۇرۇش، نىجىس، پاسكىنا نەرسىلەردىن ژىراق بولۇش، ھارام ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەسلىك، ھاراق ئىچمەسلىك، ئەپيۇن، نەشە چەكمەسلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقىمۇ ئۇرغۇنلىغان تازىلىققا ئائىت مەسىلىلەرنى كىشىلەرنىڭ شەرتسىز ئىجرا قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىسلام قائىدە تەلەپلىرىگە ئاساسلانغان ئىككى مەسىلە ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتۈش ئورۇنلۇق. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، خەتنە (سۈننەت قىلىش). بۇ مەسىلە ھازىرقى زامان تىبابەت ئىلمىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلماقتا. 1958-يىلى پراگدا ئۆتكەن خىرۇرگىيەلىك داۋالاش كونفېرېنسىيەسىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان خەلقلەردە ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزالىرىدا ھەر خىل خەتەرلىك كېسەللىكلەر ۋە راك كېسىلىنىڭ ئاز ئۇچرايدىغانلىقى، ئەكسىنچە باشقىلاردا ئۇنداق ئاغرىقلارنىڭ كۆپ ئۇچرىشىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان ئىدى. شۇندا تىبابەتچىلىك مۇتەخەسسىسلىرى بۇنى ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزالىرى ئۇچىدىكى تېرە پوپۇگىنى ئېلىۋېتىشكە باغلىق دەپ چۈشەندۈرگەن. سەۋەۋى، تېرە پوپۇگىنى ئېلىۋېتىش ئۇ يەردە ھەر خىل كىچىك تەرەت قالدۇقلىرى، زەھەرلىك مىكروبلارنىڭ تۇرۇپ قېلىشىدىن ساقلايدۇ. شۇنىڭدىن يەنى سۈننەت قىلىش ئارقىلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭغا بىنائەن خىتاي ھۆكۈمىتى سەھىيە مىنىستىرلىكى ئەرلەرنى ئۇمۇمىي يۈزلۈك سۈننەت قىلىشنى قارار قىلغان (شۇ مەزگىلدە مەن بېجىن تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ ستۇدېنتى بولغانلىقىم ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئەمەلىياتىنى كۆرگەن ئىدىم).

ئىسلام دىنى ئېتىقاتى بويىچە زىنا، پاھىشىۋازلىق قىلىش ئەڭ چوڭ گۇناھ سانىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆپلىگەن ژۇقۇملۇق كېسەللەرنى تارىتىپ، پاجىئەلىك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ھازىرقى زامان تىبابىتى ئەمەلىي ئىسپاتلار بىلەن تەستىقلىمەكتە. مەسىلەن گانارىيە، سىفلىس ۋە 20-ئەسىرنىڭ چۇماسى ئاتالغان سېپىد كېسەللىكى زىنا، پاھىشىۋازلىق قىلىش ئارقىلىق ژۇقۇپ تارىلىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم بولۇۋاتىدۇ.

مىللىي تىبابىتىمىزدە كىشىلەر بەدىنىدە پۈتۈن ئەزالارنىڭ ھاياتلىق ۋەزىپىسىنى نورمال داۋام قىلدۇرىدىغان بىر خىل كۈچ بار دەپ تەكىتلىنىپ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بۇنى تىبابەت ئىلمىدە تەبەت كۈچى دەپ ئاتايدۇ. مەزكۇر كۈچ لازىم بولغان ھەر خىل ئوزۇق-تۈلۈك ماددىلىرىنى تېگىشلىك ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ، بەدەننى ئۆز لايىقىدا مۇناسىپ تەمىنلەپ قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ، ئادەم بەدىنىدە تەكرار يۈز بېرىۋاتقان بەزى بىر ھەرىكەتلەر ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، كېسەللەرنى داۋالاشتا تەبەت كۈچىنىڭ ماھىيىتىنى، ئېھتىياجىنى، سەۋەبلىرىنى چۈشىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. كېسەل پەيدا بولغاندا تەبەت كۈچىنىڭ نورمال ھالىتىگە كېلىشى ئۈچۈن لازىم بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلار ۋە دورا-دەرمەكلەرنى بېرىش كېسەلنى داۋالاشتىكى مۇھىم ھالقا دەپ سانىلىدۇ. بىز بۇنىڭدىن ھازىرقى زامان ئىلمى ئاساسىدا بىلوك، ئۆگلۈۋدورود، ماينىڭ ئادەم بەدىنىدىكى بىوخىمىيەلىك رىئاكسىيەنى، بۇ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ماددا ئالماشتۇرۇش جەريانىنى تېۋىپلىرىمىز بۇنىڭدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەمەلىي داۋالاش ئىشىدا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنىڭدەك بەدەننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر خىل يات ماددىلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن مۇداپىئە قىلىشنى بىلگەنلىكىنى ئۇچۇق كۆرەلەيمىز.

تىبابىتىمىزدە داۋالاش ئىشىدا ئادەملەرنىڭ مىزاجى، روھى ھالىتىگە، ئەسەب پائالىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. مىزاج كىشىلەرنىڭ ياشىغان ماكانى، ھاۋا كېلىماتى، ئۆرپى-ئادەت ۋە ئىرسىيىتى تەسىرى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ. مىزاجغا، روھى ھالەتكە ژۇقۇرى مىيە پوستلىغى قوماندانلىق قىلىشى نەتىجىسىدە ئادەم بەدىنىنىڭ بىر پۈتۈنلىگى، ھەرىكەت بىرلىگى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىبابىتىمىزدە بەدەننىڭ فىزىئولوگىيەلىك جەريانى، تەبىي ۋە كەسپىي خۇسۇسىيەتلىرى، پسىخولوگىيەلىك جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرى مىزاج دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئادەم بەدىنىنىڭ ساقلىق، كېسەللىك ھالىتى ئەسەب سىستېمىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. بۇ مەسىلىدە جۇڭيى خىتاي تىبابىتى ئەسەب سىستېمىسى، يەنى چوڭ مىيە پوستلىغىنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى قوماندانلىق رولىنى تەن ئالماستىن «ژۈرەك، ئۆپكە قوماندان ئەزالار، مىيە بولسا قوماندان ئەزالارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىسىدا ئىشلەيدىغان قوشۇمچە ئەزا» دەپ قارايدۇ. تىبابىتىمىزنىڭ ئەسەب سىستېمىسى ھەققىدىكى بۇ كۆز قارىشىنى ھازىرقى زامان تىبابىتى ئىلمى ئاساسىدا دەلىللىمەكتە. ئۇمۇمەن، تىبابىتىمىزدىكى كېسەل داۋالاش ئۇسۇل-ئامىللىرى كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئېنىقلاش بىلەن ئۇنى داۋالاشتىن ئىبارەتتۇر. دېمەك، بۇ ھازىرقى زامان تىبابىتىنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرىغا ئۇيغۇنلىشىدۇ.

مىللىي تىبابىتىمىزدە ھازىرقى زامان ئىلغار تېخنىكا ئەسۋابلىرى، لابوراتورىيە ۋە باشقىمۇ تەكشۈرۈش ۋاستىلىرى بولمىغان دەۋر شارائىتىدىمۇ ئۆزىنىڭ قېدىمدىن كېلىۋاتقان ئۇسۇللىرى-بىمارنى كۆرۈپ، سوراپ، تومۇر تۇتۇپ تەكشۈرۈش تەجرىبىسى ئاساسىدا قېلىپلاشقان باشقىمۇ ئۇسۇللىرى ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇپ داۋالاپ كەلگەن.

ئىنسان تەبەتتىن يارالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمدە پەيدا بولىدىغان ھەر قانداق كېسەلنى داۋالاشتا تىبابىتىمىز ئۇنىڭ داۋاسىنى تەبەتتىن ئىزدەيدۇ. تەبەت مۆجىزىلىرى ئۆز پەرزەنتىگە راپاۋەتلىك قىلىشنى بىلىدۇ. بۇ ئاساسى قانۇنىيەتنى باشچىلىققا ئالغان تېۋىپلىرىمىز كېسەلنى ئوزۇقلۇق، شىپالىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئورگانىك ماددىلار، ئۆسۈملۈكلەردىن ئىشلەنگەن تەبىي دورىلار بىلەن داۋالايدۇ. دورىلارنى مۇرەككەپ قىلىپ ئىشلەشتە فىزىكىلىق ئۆزگەرتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ماددىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنى ساقلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بېرىلگەن ئۇ دورىلار بەدەننى زەھەرلىمەي شىپالىق رولىنى ئاتقۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار داۋالاش رولىنى ئۆتىلمىسە، غىزالىق رولىنى ئۆتەپ بەدەنگە سىڭىپ كېتىدۇ. ئاز ساندىكى زەھەرلىك دورىلار مەسىلەن، سىماپ، كۆك تاش، كۆچۈلا ۋە باشقىلارنى بىر نەچچە خىل ئۇسۇللار بىلەن ئىسلاھ قىلىپ، ئۇلارغا باشقىمۇ بىرىكمىلەرنى قوشۇپ ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭدەك ئوكسىگېن ۋە كاربونغا باي بولغان ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چېچەكلىرى، ۋىتامىنغا باي مېۋە شىرنىسى ۋە شەربەتلەر بىلەن داۋالايدۇ. تىبابىتىمىزدە دورىلارنى مۇرەككەپ قىلىپ ياساشتا كۆپىنچە ھەسەلنى ۋاستە قىلىپ پايدىلىنىدۇ. ھەسەل بەدەننى ئوزۇقلاندۇرۇش، داۋالاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە قوشۇلغان دورىلارنى مىكروبلاردىن چىرىشتىن ساقلايدۇ.

تىبابىتىمىزدە ئالىي سورىتلۇق ۋە تېز ياردەم بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلارنى ياساشتا ئىپار، مەرۋايىت، ئالتۇن، كۈمۈشكە ئوخشاش باھالىق ئەشيالار قوشۇلىدۇ. ئۇلار مىيە، ژۈرەك، قاتارلىق مۇھىم ئەزالارنىڭ ھوجەيرىلىرىگە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى، ئوكسىگېننى تېز يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇنداقلا دورىلارنى تېز پارچىلاپ ھەرىكەت قىلدۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. باھالىق ئەشيالارنىڭ ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان دورىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ياپونىيە، گېرمانىيە ئالىملىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىققان ۋە ئۆزلىرىنىڭ دورىگەرلىك ئىشلىرىدا پايدىلىنىشقا باشلىغان.

كېسەل داۋالاش، كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاشتا تىبابىتىمىزدە تاماق ئىستىمال قىلىش، ئوزۇقلىنىشنىڭ تەرتىپ قائىدىسىگە ئاھايىتى ئىنچىكە قارايدۇ. پەرھىز تۇتۇش داۋالاشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىنىڭ بىرى سانىلىدۇ. شۇنداقلا ھەر بىر خەلقنىڭ مىللىي ۋە جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇلار ياشاۋاتقان ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن ھېساپلىشىدۇ.

شۇنى ئىشەشلىك ئېيتىشقا بولىدىكى، ۋەتىنىمىزگە چەتتىن كېلىدىغان دورا-دەرمەكلەر مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن توختاپ قالغان شارائىتتىمۇ مەۋجۇت تەبىي ئۆسۈملۈكلەر ۋە مەدەنلەردىن چىقىدىغان دورىلار ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ داۋالىنىش ئېھتىياجىنى تەمىنلەپ كېتەلەيمىز. چۈنكى شەرقىي تۈركىستاندا 3200 خىل ئۆسۈملۈك، مېۋە، مەدەن ۋە باشقىمۇ دورىلىق ئەشيالار بار بولۇپ، ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭ پەقەتلا 300 خىلى پايدىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

باري مۇخلىسوۋ،
دوختۇر.